# 219934 ـ تابىئىن دىگەن كىم ۋە تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كىملەردىن ئىبارەت؟

**سۇئال**

تابىئىن دىگەن كىم ۋە تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى (ئەتبائى تابىئىن) دىگەن كىملەردىن ئىبارەت؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بىرىنچى: تابىئىنلار دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن كېيىن كەلگەن ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ھاياتىدا ئۇچرىشىپ باقمىغان، پەقەت پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا زامانداش بولۇپ، ئۇلار بىلەن ھەم سۆھبەت بولغان كىشىلەردۇر.

تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى (ئەتبائى تابىئىن) دىگەن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان لېكىن ساھابىلارغا زامانداش ياشىغان تابىئىنلارنى كۆرگەن ۋە ئۇلار بىلەن ھەم سۆھبەت بولغان كىشىلەردۇر.

ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئاتالغۇسىدا: تابىئىن دىگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بىلەن ئۇچراشقان، توغرا قاراشقا كۆرە، ئۇ كىشىنىڭ ساھابە بىلەن ئۇزۇن زامان ھەم سۆھبەت بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ، ساھابە بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تابىئىن ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن پەزىلەتلىك ۋە ئەۋزەلدۇر.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ "نۆخبەتىل پىكرى" 4 ـ توم 724 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: " تابىئىن دىگەن: ساھابە بىلەن ئۇچراشقان كىشىدۇر".

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: خەتىبىل باغدادي مۇنداق دىگەن: تابىئىن دىگەن: ساھابىغا سۆھبەتداش بولغان كىشىدۇر.

ھاكىم تابىئىننى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: "تابىئىن دىگەن: ساھابە بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ھەم سۆھبەت بولمىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدىن ھەدىس بايان قىلغان كىشىدۇر".

ئىراقىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلپىيە" ناملىق ئەسىرىنىڭ 66 ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "تابىئىن دىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بىلەن ئۇچراشقان كىشىدۇر، تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى (ئەتبائى تابىئىن) دىگەن: پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئۇچرىپ باقمىغان لېكىن ساھابىلارغا زاماندىش ياشىغان تابىئىنلار بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلار بىلەن ھەم سۆھبەت بولغان كىشىلەردۇر.

مەسىلەن: سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ھەسەن بەسەرى، مۇجاھىد ئىبنى جۇبەير، ئىبنى ئابباسنىڭ ئازادگەردىسى ئىكرەمە ۋە ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى ناپىئ قاتارلىقلار تابىئىنلاردىندۇر.

سۇپيان سەۋرى، مالىك، رەبىئە، ئىبنى ھۇرمۇز، ھەسەن بىن سالىھ، ئابدۇللاھ بىن ھەسەن، ئىبنى ئەبىي لەيلا، ئىبنى شۇبرىمە ۋە ئابدۇرەھمان ئەۋزائىي قاتارلىقلار تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر (يەنى ئەتبائى تابىئىندۇر).

ئىككىنچى: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ماڭا زاماندىش بولغانلار، ئاندىن ماڭا زاماندىش بولغانلارغا زاماندىش بولغانلار، ئاندىن ماڭا زاماندىش بولغانلارغا زاماندىش بولغانلارغا زاماندىش بولغانلار، ئاندىن شۇنداق بىر كىشىلەر دۇنياغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ گۇۋاھلىقىغا قەسىمى ئىلگىرى بولىدۇ، قەسىمىگە گۇۋاھلىقى ئىلگىرى بولىدۇ (يەنى يالغانچىلىق كەڭ تارايدۇ). [بۇخارى رىۋايىتى3651- ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2533 ـ ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "توغرا قاراشتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش بولغانلار ساھابىلاردۇر. ئىككىنچىسى: تابىئىنلاردۇر. ئۈچىنچىسى: تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. (ئەتبائى تابىئىندۇر). "نەۋەۋىينىڭ مۇسلىمغا يازغان شەرھىسى" 16 ـ توم 85 ـ بەت].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاندىن ماڭا زاماندىش بولغانلارغا زاماندىش بولغانلار» دېگەن سۆزىدىن تابىئىنلار مەقسەت قىلىنىدۇ، «ئاندىن ماڭا زاماندىش بولغانلارغا زاماندىش بولغانلارغا زاماندىش بولغانلار» دېگەن سۆزىدىن تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، (ئەتبائى تابىئىنلار) مەقسەت قىلىنىدۇ. ["پەتھۇلبارى" 6 ـ توم 7 ـ بەت].

موللا ئەلى قارى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىمام سۇيۇتى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: " توغرا قاراشقا كۆرە، زامان ـ ئەسىر دېگەندىن مۇئەييەن مەلۇم بىر مۇددەت بېكىتىلمەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاماندىش بولۇپ ياشىغانلار ساھابىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ زامانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن باشلىنىپ تاكى ساھابىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى ۋاپات بولغانغا قەدەر بىر يۈز يىگىرمە(120) يىل بولىدۇ، تابىئىنلارنىڭ زامانى ھىجرىيەنىڭ 100 ـ يىلىدىن170 ـ يىلىغا قەدەر بولىدۇ، تابىئىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ، (ئەتبائى تابىئىنلارنىڭ) زامىنى 170-يىلىدىن تاكى220 ـ يىلىغا قەدەر بولىدۇ، بۇ دەۋردە بىدئەتچىلەر مەيدانغا كېلىپ بىدئەتلەر كەڭ تارقىلىدۇ، مۆتەزىلىلەر ئاغزىلىرىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ، پەلسەپىچىلەر باش كۆتۈرىدۇ، ئالىم-ئۆلىمالار قۇرئان مەخلۇق دېيىش ئۈچۈن ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ، ئەھۋال بەك ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە دىنى ئىشلار چېكىنىۋاتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاندىن يالغانچىلىق يامرايدۇ»

دېگەن سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكى نامايەندە بولىدۇ". ["مىرقاتۇل مەپاتىھ" 9 ـ توم 3878 ـ بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.